# 269361 ـ زاكات ۋە سەدىقىلەرنى كەمبەغەللەرنى بىكارغا داۋالايدىغان دوختۇرخانىغا بېرىش توغرىسىدا

## سۇئال

ھىندىستاندا مەن ياشايدىغان شەھەردە راك كېسەللىكلىرى دوختۇرخاسى بار، ئۇلار ئاساسەن نامراتلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، باي-كەمبەغەللەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ، كەمبەغەللەر بىكارغا داۋالىنىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى شەھەرـرايۇنلىرىدىن بۇ يەرگە كېلىدۇ، كۆپچىلىك كىشىلەر زاكات-سەدىقىلىرىنى بۇ دوختۇرخانىغا بېرىدۇ، لېكىن دوختۇرخا باشلىقى توغرا يول تۇتمايدىغان كىشى، كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇنى ئەخلاقى ناچار دەيدۇ، ئۇنىڭ توغرىسىدا تارقالغان نۇرغۇن سۆزـچۆچەكلەر بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى توغرا. مېنىڭ سوئالىم: نامراتلارغا ياردەم بېرىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دوختۇرخانىلارغا زاكات-سەدىقىلەرنى بەرسەك توغرا بولامدۇ؟ گەرچە دوختۇرخانىنى كۆزۈتۈپ تۇرىدىغان كۆزۈتۈش ھەيئەتلىرى بولسىمۇ، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بەزى ماللارنى ئۆزى ئىشلىتىپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۆچلۈك، بەرگەن سەدىقىلىرىمىزنىڭ 100% نامراتلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمىز، لېكىن دوختۇرخانىدىن سەرپ قىلىنىۋاتقان داۋالاشقا قارىغاندا، دوختۇرخا باشلىقى توپلانغان ئىقتىسادىنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ بەزىسىدىن ئۆزى پايدىلىنىدىكەن، دوختۇرخانىغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھېچ قانداق ياردەم بېرىلمەيدىكەن، دوختۇرخانىنىڭ بىردىن-بىر كىرىمى زاكات-سەدىقىدىن كىرىدىكەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سوئالدا بايان قىلىنغاندەك دوختۇرخانىدىن نامرات، كەمبەغەللەر مەنپەئەتلىنىدىغان بولسا، ھۆكۈمەتتىن ھېچ قانداق ياردەم بېرەلمەيدىغان بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئۈتۈق قازىنىشى ۋە خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن سەدىقە ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى ياردەملەرنى بەرسە بولىدۇ.

مۇمكىن بولسا كىشىلەر تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ دوختۇرخانا باشلىقىنى ئىقتىسادقا يالغۇز ئىگە بولۇشتىن چەكلەش كېرەك، يېڭىدىن كۆزەتكۈچىلەر ھەيئىتى قۇرۇش ياكى جەمئىيەت تەرەپتىن كۈچلۈك بېسىم قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ۋاستىلارنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر ئۇنىڭ ئومۇمنىڭ ئىقتىسادىغا ۋە بىمارلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا بولغان ئاچ كۆزلىكىنى توسۇش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئىشلاردىن پايدىلىق بولغانلىرىغا قاراش كېرەك:

دوختۇرخانىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە كېلىدىغان مەنپەئەت كۆپ بولسا، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ۋە بىمارلارنىڭ داۋالىنىشى تەرەپتىن پايدىلىنىدىغان مەنپەئەتكە كۆرە دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان مالىيە زىيىنى ئازراق بولسا، ئۇ ۋاقىتتا دوختۇرخانىغا سەدىقە ۋە باشقا ياردەملەرنى بەرسە بولىدۇ.

ئەگەر بېرىلىدىغان سەدىقە نەخپۇل، دورا ۋە داۋالاش ئۈسكىنىلىرى قاتارلىق نەرسىلەر بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى يوق قىلغىلى ياكى ئازايتقىلى بولىدۇ، شۇنداق بولسا بۇ ھالەتتە نەخپۇل، دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى بەرسە ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر بەزى كىشىلەر ئېھتىياتەن سەدىقىنى نامراتلارنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاللىسا بۇمۇ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئېھتىياجلىق بىمارلار ۋە مۇشۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ-كېتىدىغان نامراتلار كۆپ بولغان ئەھۋالدا ياكى بۇ يەرگە كەلمىسىمۇ ئېھتىياجلىق كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ياخشى بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "بىزنىڭ رايونىمىزدا خەيرىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر تارمىقى بار، مەلۇم مىقداردا زاكات ماللىرىدىن بەرسەم بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "خەيرىيەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر دىنى ۋە ئىلمى تەرەپتىن ئىشەنچىلىك كىشىلەر بولسا ئۇلارغا بۇ زاكات ماللىرى دەپ خەۋەر بېرىپ زاكات سەرپ قىلىنىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىشى ئۈچۈن زاكات ماللىرىڭىزدىن بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر سىز ئۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان بولسىڭىز، زاكات ماللىرىڭىزنى ئۆزىڭىز سەرپ قىلسىڭىز بەك ياخشى بولىدۇ، چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ زاكات ماللىرىنى ئۆزى بىۋاستە ھەقلىق كىشىلەرگە سەرپ قىلسا، زاكاتىنىڭ ئۆز ئىگىسىگە يەتكەنلىكىگە كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، باشقىلارغا ھاۋالە قىلغاندىن ئۆزى بەرسە، زاكاتنى ئۆز ئەھلىگە يەتكۈزۈش يولىدا تارتقان قىيىنچىلىقلىرىغا يارىشا ئەجىر-ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. ["نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋالىرى"7-توم 408-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.